
قىزىل يىڭناغۇچ چۆچەكلەر مەجمۇئەسى

# چاشقاننىڭ يىغىن ئېچىشى



شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت-فوتو سۈرەت نەشرىياتى

قىزىل يىڭناغۇچ چۆچەكلەر مەجمۇئەسى

# چاشقاننىڭ يىغىن ئېچىشى



ئۆزگەرتىپ تۈزگۈچى: چاڭ ياڭ
تەرجىمە قىلغۇچى: روشەنگۈل تۇرسۇن

شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت-فوتو سۈرەت نەشرىياتى


1. بىر توپ چاشقان تامنىڭ كامىرىدا ياشايدىكەن، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئۈچ چوڭ چاشقان بار ئىكەن، بىرىنچىسىنىڭ ئىسمى بوز قۇلاق، ئىككىنچىسىنىڭ ئىسمى ئاق ساقال، ئۈچىنچىسىنىڭ ئىسمى سېرىق قۇيرۇق ئىكەن.



2. ئۇلار دائىم كاماردىن چىقىپ، يېمەكلىك ئوغرىلايدىكەن.



3. ئەمما بۇ ئۆيدە يوغان بىر مۈشۈك بولۇپ، ئۇ بەك يامان ئىكەن. چاشقانلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ قولىغا چۈشۈپ قېلىشتىن بەك قورقىدىكەن.





4. ئون نەچچە كۈن ئىچىدە بىر مۈنچە چاشقان مۈشۈككە يەم بولۇپ كېتىپتۇ.

5. بىر كۈنى كەچتە، ھېلىقى ئۈچ چوڭ چاشقان كۆپچىلىكنى يىغىپ يىغىن ئېچىپتۇ.



6. سېرىق قؤيرؤق: «تؤنؤگؤن ئاشخانىدا نەرسە ئو-غرىلاۋېتىپ مؤشؤككە تؤتؤلؤپ قالغىلى تاس قالدىم، مەن بؤنداق تؤرمؤشتىن جاق تويدؤم» دەپتؤ.






7. ئارقىدىنلا ئاق ساقال ئورنىدىن تۇرۇپ: «مەنمۇ نەچچە قېتىم تۇتۇلۇپ قالغىلى قىل قالغان. بىز ئامال تېپىپ ئۇنى بۇ ئۆيدىن ھەيدەپ چىقىرايلى» دەپتۇ.

8. بوز قۇلاق دەرھال سەكرەپ قوپۇپ: «ئاق ساقال ئاغمىز توغرا ئېيتىدۇ، ھەممىمىز يوپۇرۇلۇپ بېرىپ ئۇنى چىشلەيلى، چىشلەپ ئۆلتۈرەلمىسەكمۇ قورقۇتۇپ قاچۇرۇۋەتسەكمۇ ھېساب» دەپتۇ.



9. سېرىق قۇيرۇق بۇنىڭغا قوشۇلماپتۇ. ئۇ: «ياق، ياق،بولمايدۇ. بۇ مۈشۈك بەك يامان تۇرسا، چىقساق بىكاردىن بىكار ئۇنىڭغا يەم بولامدۇق!» دەپتۇ.







10. بۇنى ئاڭلىغان بوز قۇلاق قورقىنىدىن: «ئەمىسە، ئەمىسە قانداق قىلىمىز؟ ئىشقىلىپ بىر ئامال تېپىپ چىقىپ،ئۇنى ھەيدەپ چىقارمىساق بولمايدۇ-دە!» دەپتۇ.




11. ئاق ساقال ساقىلىنى سىلاپ بىر هازا ئويلانغاندىن كې-
يىن: «تاپتىم! بىز مۈشۈكنىڭ بوينىغا قوڭغۇراق ئېسىپ قويايلى» دەپتۇ.



12. كۆپچىلىك بىر ئېغىزدىن: «ئوبدان چارىكەن، مۈشۈك ماڭغاندا قوڭغۇراق جىرىڭلاپ بىزگە بەلگە بېرىدۇ» دەپتۇ.


13. ئاق ساقال كۆرەڭلىگەن هالدا: «قوڭغۇراق جىرىڭلىغان هامان قېچىپ كېتىمىز، مۈشۈك ئەمدى بىزنى تۇتالمايدۇ» دەپتۇ.




14. سېرىق قۇيرۇق: «بۇ ئامالغۇ ياخشىكەن، بىراق قوڭغۇراقنى مۈشۈكنىڭ بويىنىغا كىم ئاسىدۇ؟» دەپتۇ.




15. كۆپچىلىك بۇنى ئاڭلاپ، بىر-بىرىگە قارىشىپ تۇرۇپ قاپتۇ.





16. سېرىق قۇيرۇق ئاقساقالنىڭ يېنىغا كېلىپ: «بۇ ئامالنى سىز تاپقاندىكەن،
ئۆزىڭىز بارسىڭىز قانداق؟» دەپتۇ.

17. ئاق ساقال دەرھال قولىنى شىلتىپ: «بولمايدۇ، بولمايدۇ، مەن قېرىپ قالدىم، تېز يۈگۈرەلمەيمەن، ئەڭ ياخشىسى چاققانراق بىرەرسىنى ئەۋەتىڭلار» دەپتۇ.





18. سېرىق قۇيرۇق بوز قۇلاققا: «بوز قۇلاق ئۇكا، سەن بەك زېرەك، سەن
بارغىن!» دەپتۇ.

19. بوز قۇلاق بېشىنى چايقاپ: «بولمايدۇ، ئالدىنقى قېتىم مۈشۈككە تۇتۇلۇپ قالغىلى تاس قالدىم، قۇيرۇقۇمدىكى يارا ھېلىغىچە ئاغرىۋاتىدۇ» دەپتۇ.




20. سېرىق قۇيرۇق ئاچچىقىدا ۋارقىراپ كېتىپتۇ: «ھىم، سەنمۇ بارمىدىڭ، ئۇمۇ بارمىسا، مۈشۈكنىڭ بويىنىغا قوڭغۇراقنى كىم ئاسىدۇ؟!» دەپتۇ.





21. بۇ ۋاقىتتا چاشقانلار لام-جىم دېمەي، بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى ئاستا تىكىۋې-
تىپتۇ.



مەسئۇل مۇھەررىرى : ماھىنۇر غوپۇر
گۈزەل سەنئەت مۇھەررىرى : ئازات بارات



ISBN 978-7-80547-811-1

9 787805 478111 >

总定价:12.00元 每册价:2.00元(维)